# ئۇيغۇر ساتىرىك شېئىرلىرىدىن تاللانما

## ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچىدىن

بۇگۈن بۇرۇن كونا مۇنبەرلەردىن يىغىپ ساقلاپ قويغان شىئىرلاردىن ئۆزۈم ياقتۇرغان 11 پارچە ساتىرىك داستان ۋە شىئىرنى تاللاپ بۇ «ئۇيغۇر ساتىرىك شىئىرلىرىدىن تاللانما» نامىدىكى كىچىك ئىلكتاپنى تۈزۈپ قويدۇم.توردا شلارنىڭ ياقتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ شىئىرلارنىڭ كىلىش مەنبەسى ئىنتېرنىت ياكى نەشىردىن چىققان گىزىت - ژورناللاربولۇپ، ئەسەر ھوقۇقى ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ.بۇ ئېلكتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ياسىلىپ، پەقەتلا ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يوللاندى.

بۇ ئېلكتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە ياسىلىپ، پەقەتلا ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يوللاندى.بۇندىن سىرت ئېلكتاپنى سودا ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىپ، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق ھوقۇقىمىغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز ماڭا ئىلخەت ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىڭ. مەن سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى توردا تارقىتىشنى دەرھال توختىتىمەن.

مېنىڭ ئېلخەت ئادرىسىم: abral@live.com ياكى abral@live.cnۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكتاپ تارقىتىش بلوگىدا ياكى ئۇيغۇر ئىلكتاپ تورىغا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئادرىسىمىز:

http://www.uyebook.com

http://ilkitap.blogbus.com

ھۆرمەت بىلەن : ئابرال (بىلىك – ئىنتىل )

2008-يىلى 6-ئاينىڭ 30- كۈنى قايتا تۈزىتىلدى

## مۇندەرىجە

سەككىز سۇرىتىم ............ 4
ئۆتمەس ماتا زورلاپ ساتا ............ 24
ئۆيلەنمەيمەن ............ 29
ئۆيلەنگىن ............ 31
بىرەر تونۇش بولمىسا ............ 33
سەن مەندەك بولالامسەن ؟ ............ 36
كەپتۈدەك ............ 39
ئىش ھەققىڭدىن تۆتىمەن ............ 41
ئاشنا تاتلىق،خوتۇن ئاچچىق. ............ 43
ئىزغا مۇجەسسەملەنگەن قامچىلار ............ 45

# سەككىز سۆرتتىم

(ساتىرىك داستان)

تاشلاش ئۆچۈن كۆنگەن شۇ ئىللىتىمنى،
بىر كۆرستەي يېرىپ يۈرەك قېتىمنى.
سورىماڭلار لېكىن نامۇ - ئېتىمنى،
تەقدىم قىلدىم بۇ سەككىز سۆرتىمنى،
مەن ئاشۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

1

ئېسى- يادىم ھوقۇقۇمنى ساقلاشتا،
چىلك تۇرىمەن شۇڭا چوڭنى يوقلاشتا.
كۈنۈم ئۆتەر تەزىم بىلەن ماختاشتا،
ئۇ ئاقمىسا داستىخاندا باپلاشتا،
ئىش توغرىلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھوقۇق ئۆچۈن مەن ھەممىنى گوللايمەن،
يۇقىرىغا سانىنى يالغان يوللايمەن.
تەكشۈرسە گەر سومكىسىنى توملايمەن،
شۇنداق قىلىپ ئۆز- ئۆزۈمنى قوللايمەن،
مەن «قوللاپلا» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

‟پىچاق” بەرسە قورقماي دادىل كەسمەيمەن،
مۈزاكىرە قىپ بولالماي ئەسنەيمەن.
شۇنداق قىلىپ قورساقنى ھېچ ئەسمەيمەن،
ئىرادەم چىڭ بەلنى ھەرگىز يەشمەيمەن،
شۇ «ئۇسۇلغا» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پاكلىق دېسە سۆزلەپ- سۆزلەپ ھارمايمەن،
كەلسە- كەلمەس سوغا سالام ئالمايمەن.
نەپ چىقمىغان يەرگە ئەمما بارمايمەن،
يەڭ ئىچىدە بەرسە ھەرگىز يانمايمەن،
«سودىلىشىپ» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزى ياتتىم بالنىستلاردا تەن ئۈچۈن،
خەق بىلمىسۇن ئىككى بولاق قەنت ئۈچۈن.
دېسەممۇ گەر ئاغزىمدا ‟ۋەتەن ئۈچۈن”،
ھوقۇق ئەلا مىللەتتىنمۇ مەن ئۈچۈن،
«ھوقۇققىلا» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە؟ ساڭا مىڭلاپ لەنەت دەيلىغۇ؟
مەن بىر مەجنۇن ھوقۇق خۇددى لەيلىغۇ!
مەن ئۆسسەملا خەق نېمە بولسا مەيلىغۇ،
مانا بۇ سۆز مەندەكلەرنىڭ پەيلىغۇ،
«پەيلىم» شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھېچ غېمىم يوق جاھاننى سۇ باسسىمۇ،
ئاپەتلەردىن ئەلنىڭ بېشى قاتسىمۇ.
كۈن ئالالماي يۇرتنى تاشلاپ قاچسىمۇ،
ماڭا ئۇلار قانچە گۇناھ ئارتسىمۇ،
«ھېچ غېمىم» يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

چۇجاڭ، ھاكىم، ۋالىيلىقتا تۇرغۇچە،
ئۆسسەم دەيمەن تاكى داھىي بولغۇچە،
ئۆتەرمەنمۇ شۇ ئارماندا ئۆلگۈچە،
«ئاھ چۇشۇمگە بىر كىرسىچۇ بۇ كېچە»
تەمە قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

2

چوڭ مەسچىتنىڭ بىقىندا ئۆيۈم بار،
كىشى كۆرسە ئەيمەنگۈدەك سەللەم بار.
شۇڭا دائىم قولتۇقۇمدا زەللەم بار،
چاپقۇزۇشقا ئاتلارنى ھەم چەنلەم بار،
«زەللەلەرگە» كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قويۇۋېلىپ كۆركەم ساقال- بۇرۇتنى،
كەم قىلماستىن تىلدا دائىم دۇرۇتنى.
مەن توپلىدىم كۆپ ئىخلاسمەن مۇرىتنى،
خەق بىلمىسۇن دىلىمدىكى قۇرۇتنى،
شۇ «قۇرۇت» قا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

سورۇن بولسا چىقسام دەيمەن تۆرىگە،
گۆش كەلمەيدۇ قۇرۇق ئايەت، سۈرىگە.
راست گەپ قىلسام نەپسىم ئوخشار بۆرىگە،
نېچۈن باغاق بەردىكىن پەس چۆرىگە،
قىزغىنىپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«خۇدا» مېنىڭ مۇھاپىزەت قالقىنىم،
بىلىنمەيدۇ شۇڭا جەبرى سالغىنىم.
ماڭا لازىم شۇ باھاندا ئالغىنىم،
ئېچىلمايدۇ سىرتقا ھېچبىر ئالىقىنىم،
ئېلىشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

«يامان»، «گۇناھ» دەپ چىتلايمەن يوللارنى،
رام قىلىمەن شۇ ئۇسۇلدا گوللارنى.
چۈشۈرمەستىن دۇئادىن ھېچ قوللارنى،
يىغىۋالدىم «ھەجگە» دەپ كۆپ دوللارنى،
شۇ دوللارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داۋالايمەن دەپ كېسەلنى، ئاپەتنى،
ساتتىم پۇلغا ئەرەبچە كۆپ ئايەتنى.
خەقلەر مېڭىپ ئۇ دۇنيانى "راھەتنى"،
سۆيىدۇم ئۆزۈم پانىي نەق ھالاۋەتنى،
ھالاۋەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەسچىتلەردە ساۋابلىقنى سۆزلەيمەن،
لېكىن ئۆزۈم«نەپ» بولسا دەپ كۆزلەيمەن.
بىرەر ئۆزى،«ھېچ كىشىنى ئەزمەيمەن»،
شۇڭا مۇشۇ يولدىن پەقەت بەزمەيمەن،
شۇ يولۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

3

چىن ئەركەكتەك مەي ئىچىمەن تاۋاقتا،
ئۆيدە ئەمەس كوچىلاردا، قاۋاقتا.
بەزى قونۇپ قالىمەن شۇ «راۋاق» تا،
كېتىپ بولاي ئەمدى ئۆيگە نەۋاقتا،
«راۋاق» لارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ كارىم يوق،
مەيدىن ئۆزگە ئامرىقىم يوق، يارىم يوق.
ئىچمىسەم ھېچ تۇرالمايمەن، چارەم يوق،
ئىچىۋېلىپ چالىدىم گىتار، تارىم يوق،
مەن كارىم يوق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆندە بىرىپ سەجدە قىلىپ تاۋاقا،
تېگىشىمەن ئىقبالىمنى ھاراقا.
ئۇرۇشىمەن ئۆيدە تارتسا سوراقا،
قورقمايمەن ئېلىنسامۇ قاماقا،
شۇنداق قورقماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

دەيدۇ تېخى «ئىست سېنىڭ مەستلىكىڭ»،
هاراقتىندۇر بىلسەڭ سېنىڭ پەسلىكىڭ،
ئوڭشىلارمۇ شۇ ئادەم ئەمەسلىكىڭ،
قاچان تۆگەر بالا-قازا، نەسلىكىڭ،
مەستلىكىمگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەن دەيمەنكى بەختىم مېنىڭ شارابتا،
نېمە لەززەت مەيسىز ملك جلك كاۋاپتا،
قەدەھ ياساپ چېلىپ تەمبۇر، راۋاپتا،
مەي ئىچمەن بارسام ھەجگە، تاۋاپتا،
ئىچىشكىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر ئىجادىم ئويۇم بارتى، قېنى دەي،
تومۇرۇمدا قېنىم ئەمەس ئاقسا مەي.
ئەنە شۇ چاغ، قىلماس ئىدىم زادى قەي،
يېمەس ئىدىم زاكۇسكىغا گۆشۇ-سەي،
مەن ئىجادكار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي دېگەنلىك مېنىڭ قېنىم، يىلىكىم،
مەي ئىچمىسەم مېنىڭ نېمە كېرىكىم.
ھېساب ئەمەس چىلاشمىسا يۈرىكىم،
شۇڭا مەستنۇر ھەتتا ئارزۇ-تىلىكىم،
مەست تىلەككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەي تۆپەيلى بولسام مەيلى ئۆيسىز، تۇل،
مەيلى بولسۇن كىيىم-كېچەكىم جۇل-جۇل،
قەرز ئېلىپ ئىچمەن بولمىسا پۇل،
مەن پاشايمەن بولۇپ شۇنداق مەيگە قۇل،
قۇللۇقۇمغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

4

جاھان ئاشۇ دەيمەن قۇدۇق ئاغزىنى،
چىلك تاقايمەن شۇڭا ئىشىك داۋزىنى،
ئايرىمايمەن لەززەت بىلەن لاۋزىنى،
ياقتۇرمايمەن چىگىش بىلەن ھاۋزىنى،
قۇدۇقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەزىلەر تالاڭ غايە-پايە دەيدىكەن،
ئۆزلىرىچە ئەل غېمىنى يەيدىكەن،
(ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈكتە، خەيدىكەن)،
تووۋا دەيمەن دۆت ئىكەن، بىلمەيدىكەن،
مەن ئەقىللىق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پۇرسەت تاپسام تىرىكلەرنى قەستلەيمەن،
يىقتسام گەر پاتىڭغا دەسسەيمەن.
ئۆلگەنلەرنى رەھمەتلىك دەپ ئەسلەيمەن،
بەلدىن ئاقنى ئۇزۇنغىچە يەشمەيمەن،
قەستلەپ، ئەسلەپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىشىم بەك كۆپ زادى بىكار ياتمايمەن،
يىغىر تاپسام كوچىلايمەن، تاتىلايمەن،
ئەل دېگەننىڭ گەجگىسىدىن ئاتلايمەن،
باشلىق كۆرسەم بەلنى پۈكلەپ قاتلايمەن،
قاتلىنىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەك ئاقلارغا قارا-قۇرا چاپلايمەن،
«قارا» لارنى پات-پات ئوتقا قاقلايمەن،
«يېشىل»، «سېرىق» لارنىمۇ ھەم بابلايمەن،
شۇنداق قىلىپ بىر ئۆزۈملا چاقنايمەن،
ئۆزۈم چاقناپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياراتمايمەن كىچىك ئىشقا زوقۇم يوق،
ئەنقا ئاتاي دېسەم، ئەمما ئوقۇم يوق.
مىنەي دېسەم ئېشىكىمدە توقۇم يوق،
ئىسمىم جاھان بازارىدا چوقۇم يوق،
مەن بازارسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاقمۇ كىردى تولا ئويلاپ بېشىمغە،
شۇنچىلىك تار قىل پاتمايدۇ ئىچىمگە،
ئامەت كەلسە ئەگەر يېقىن كىشىمگە،
غۇچۇرلاشتىن ئاغرىق كىرەر چىشىمغە،
چىش ئاغرىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆرمەيمەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزۈمدىن،
يامانلايمەن قانۇنىيەت، تۈزۈمدىن،
كىم ئۇ چاتاق تاپقان مېنىڭ سۆزۈمدىن،
سەت كۆرۈنمەي تېز يوقالسۇن كۆزۈمدىن،
يامانلاپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

چۈشتە دېسە كەچتە ئاران بارىمەن،
باھانە توقۇپ گۇناھىمدىن تانىمەن،
شۇ بىر ئەمەس تەكرارلايمەن يانىمەن،
شۇڭا جاھان ئالدىدا كۆپ چانىمەن،
چېنىقىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياتقا شاتۇر، ئۆزىمىزگە ئاقسايمەن،
ئۆزگە باتۇر، ياتقا سالسا ئاقمايمەن،
پەلسەپەم شۇ جان بېقىشنى ياقلايمەن،
ئاشۇ يولدا تىنىم تاپماي قاتنايمەن،
قاتناۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىكار بولسام ھاكۋاقتىمەن كوچىدا،
بولاي مەيلى قەشقەر، تۇرپان، غۇلجىدا،
بۇ پەقەتلا بولۇر مەندەك نوچىدا،
نېمىش قىلسۇن ئىشقا بەند پوچىدا،
نوچىلىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياراتمايمەن ئىللىقنى لاپچى دەپ،
خوتەنلىكنى دىۋانە، راۋابچى دەپ،
قەشقەرلىكنى ئالدامچى، ساپساپچى دەپ،
كورلىلىقنى ئاغزى نەس، كاپ-كاپچى دەپ،
يۇرت ياراتماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

دەيمەن يەنە ئاقسۇلۇقنى كاۋىچى،
دولانلىقنى پوجاڭ تۇماق يامچى،
ئالتاي، قۇمۇل، قىزىلسۇنى چارۋىچى،
ئۈرۈمچىلىك جىڭ قىزىل كۆز پىۋىچى،
تىللاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

مەن تىللىماس بىرمۇ يۇرت يوق ئۆلكەمدە،
دېمەك شۇنداق ئېغىر يۈك بار يەلكەمدە،
ئۇنى ئادا قىپ بولارمەن نەكەمدە،
قورۇق تولا شۇڭا مىنىڭ چېكەمدە،
ئېغىر يۈككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئەجدادىمنى كۆندە مىڭ رەت داڭلايمەن،
ئەمما ئۆزۈم بىر غېرىچچە ماڭمايمەن،
ماختاش بولسا ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايمەن،
ئاڭلاپ-ئاڭلاپ سۆيۈنمەن، قانمايمەن،
ماختاشقىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ماختاپ تۇرسا قىن-قىنىمغا پاتمايمەن،
ئۇچمەنكى كۆكتە... يەردە ياتمايمەن،
(قانىتىم يوق) ئەمما موللاق ئاتمايمەن،
هاي! دېگەننى يېنىمغا يولاتمايمەن،
مەن ئۇچۇشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تەنقىد دېسە شۇ هامانلا باتنايمەن،
هېچ قاچاندا ئەينەككىمۇ باقمايمەن،
جەهلىم بىلەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئاقلايمەن،
بۇ ئادەتنى تا مەڭگۈگە ساقلايمەن،
شۇ ئادەتكە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

5

داشۆگىمۇ ئۆتتۇم بولدى پۈتتى ئىش،
خىزمەت تەييار ئۆتسە ئەمدى تۆتلا قىش.
لازىم ئىكەن نېمىگە ئۇ ئۆگىنىش،
(بىلىم ئەمەس دىپلومغىلا قارارمىش)،
جان قىينىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قىزىقمايمەن دەرس دېگەن نېمىگە،
ئاھ! ئاشقىمەن ئولتۇرۇشقا، پېۋىگە،
تەگكۈزمىسەم ئىچمەيمەن قىز لېۋىگە،
ئىچىۋالسام ئايلىنىمەن دىۋىگە،
دېۋىلىككە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئاتا-ئانا يۇرتتىن ئىزا تارتمايمەن،
ھەممە گۇناھ ئۆزۈڭدە دەپ ئارتىمەن،
ئاھ! نيۇ-يورك، پارىژلارنى يارىتىمەن،
سۆزلىسەم كۆپ ئادەملەرنى قارىتىمەن،
ئىلغارلىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئۆيدىن كەلگەن پۇل پۇلغا ئۇلاشمايدۇ،
پۇل بولمىسا سورۇن قايناپ تاشمايدۇ،
يېگى چىققان مودا مەندىن ئاشمايدۇ،
ئۆز كىيىمىم ماڭا ھېچ ياراشمايدۇ،
مودا قوغلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

داشۆسىڭلار ھەر چاغ ئۇلۇغ ئاتالغان،
مەدەنىيەت داشۆسىڭدىن تارالغان،
بىلىڭلاركى دۇنيا ماڭا يارالغان،
(«تۆت توم» دىمۇ دەل ئاشۇنداق قارالغان)،
شۇ قاراشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىسست دەيمەن بەزى ئەخمەق بالىلارغا،
ئىشىنىدۇ ئەجدادىغا، ئاللاغا،
داغ چۈشۈرمەي غۇرۇرلۇق ساپ قانلارغا،
ئۇل قۇرارمىش كەلگۈسى ئىقباللارغا،
مەن ئەكسىچە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

قىنايدىكەن ئۇلار شۇنچە جىننى،
ئۇنتۇپ قالار ھەتتا ئاش ۋە نىننى،
ئويلار ئىمىش ئەل-يۇرتىنى، ۋەتىنىنى،
تۆكەر ئىمىش شۇ يولدا ھەم قېنىنى،
مەن قان تۆكمەي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇ دۇنيادا ۋەتەن دېگەن تولا گەپ،
مىللەتمۇ ھەم يۇرۇشمەمدۇ تۆركۈملەپ،
ۋەتىنىم شۇ چىقسا ماڭا نەدە نەپ،
(بۇ سۆزۈمنى خەق بىلمىسۇن بولدى خەپ)،
نەپ كۆزلەپلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

**6**

پۇل تاپىمەن شەمۇ شەرنى ئارىلاپ،
يول-ياتاقتا قۇرۇق نانىنى غاجىلاپ،
تىنىم تاپماي زاۋۇت، دۇكان ئارىلاپ،
بەزى چاغدا ھەمراھىمنى قارىلاپ،
دىل يارىلاپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

جىلك گېپىم شۇ پۇلدىن ئۆزگە دوستۇم يوق،
سىنت چاغلىق زىيان بىلەن خۇشۇم يوق.
پۇلۇم مىلك جىلك، ئۇچامدا بىر كاستۇم يوق،
شۇڭىمىكىن ئابروي-يۈزۈم، پۇشۇم يوق،
ئابرۇيسىزراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

يۇرتداش، تۇغقان نېمە، پايدا ئالدىدا،
توغرىلايمەن ئىشنى تېزدىن دالدىدا،
مىلك بىر ھىيلە-چارە باردۇر كاللىدا،
ئۇنىڭ بىرى بارمىكىن تاڭ داھىيدا،
شۇنداق دانا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

توۋا دەيمەن بەزى ئەخمەق بايلارغا،
قىپتۇ ياردەم يۇرتى نامرات جايلارغا،
مەكتەپ سالتۇ مەرىپەت دەپ سايلارغا،
نېمە ياردەم ئۇ كۆكتۈش، گادايلارغا،
مەن ياردەمسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پۇل تېپىشتا تارتقان تالاي جەبرەمگە،
قالدۇرغۇم يوق بىر سىنتىمۇ نەۋرەمگە،
ئۆلسەم ئەگەر پۇلنى تېگىپ مەيدەمگە،
ئەكىتىمەن جەزمەن ياتقان قەبرەمگە،
پۇلغا شۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمىشقا؟ دەپ سورىسا گەر كىمدە-كىم،
كىسلگەندۇر پۇلدا مېنىڭ كىندىكىم،
دەپ بەرگىنىم چوڭ ئۇچۇر ھەم ئەمگىكىم،
بەرمىسە ھەق يوق مېنىڭ دەپ بەرمىكىم،
شۇ مىراسقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

7

ھەر يىل تۆلەپ ئوتتۇز بەش خىل سېلىقنى،
لەڭگە بەردىم بۇغداي، قوناق، تېرىقنى،
دېمەي قوياي تاپاندىكى يېرىقنى،
شۇ ھالەتتە قىلدىم دېھقانچىلىقنى،
سېلىقلارغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

تۇغۇلغاندەك مەڭگۈ كەتمەن چاپارغا،
تولا باردىم قارا قىشتا ھاشارغا،
تولۇپ كەتتى ئالقىنىمغا قاپارغا،
ئادەم دېگەن ئۆلمەيدىكەن جاپاغا،
جاپاغىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىر نېنىم بار ئىككى گۆدەك تويۇشقا،
بىر قويۇم بار قۇربانلىققا سويۇشقا،
نەدە چولا بەدىنىمنى يۇيۇشقا،
مەن رازىمەن ئاشۇ مۇقىم تۇرمۇشقا،
شۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

باش كۆتۈرمەي ھۆددە يەرنى تېرىيمەن،
ئېتىزلىقتىن چىقماي شۇندىلا قېرىيمەن،
بۇ دەۋردىن نەچچە ئەسىر نېرىمەن،
ياۋاش، نادان، بىچارىلەر پىرىمەن،
شۇ «پىر» لىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ھەپتىدە تۆت جەرىمانە تۆلەيمەن،
شۇ پۇل بىلەن سېكرېتارنى يۆلەيمەن،
بالام يالىڭاچ... بۆشۈككىلا بۆلەيمەن،
ئىش ئالدىراش، نەدە يۇدۇپ يۇرىمەن،
بۆشۈككىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياراتمايمەن ئۆز ئېتىمنى، ئىسمىمنى،
تونۇمايمەن ھەتتا ئۆلۈم خېتىمنى،
«ئۇرغۇي» دەيمەن سورىسا مىللىتىمنى،
چۈشەنمەيمەن دەۋردىكى رېتىمنى،
مەن رېتىمسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

سۈنئىي ئوغۇت مول ھوسۇل دەپ سانايمەن،
شۇ ھوسۇلدىن ئەمدى قانداق تانايمەن،
سۇ تالاشسام قوشنىلارنى چانايمەن،
دېمەيمەن ھېچ بۇ پەيلىمدىن يانايمەن،
مول ھوسۇلغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئىش دېگەننىڭ مەن ئۈچۈن ھېچ سانى يوق،
مىدىرلايمەن پۇت-قولۇمنىڭ جانى يوق،
بەزى-بەزى باللىرىمنىڭ نانى يوق،
سېكرېتاردىن باشقا قەدىردانىم يوق،
قەدىردانغا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

يىل ئاخىرى پۇل ئالسامۇ تولۇمدا،
«قەرزىڭ تۆلە» دەيدۇ ئۇچۇ-سولۇمدا،
سىنت قالماي ئاخىرىدا قولۇمدا،
دېيەلمەيمەن شۇڭا ھەرگىز پۇلۇم بار،
پۇلغا ئامراق كۆڭۈلۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئېتىزلىقنىڭ نېرىسىنى كۆرمەيمەن،
بەختىم ئۈچۈن قىلچە خىيال سۈرمەيمەن،
تىل-دەشنامغا دەۋا قىلىپ يۈرمەيمەن،
رەنجىمەيمەن، ھەتتا قاپاق تۈرمەيمەن،
كۆتۈرۈشلۈك كۆڭۈلۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ۋاز كەچكەنمەن ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن،
پەرقىم يوقتۇر ھېچ ماشىنا ئادەمدىن،
ھەممە ئىشنى كۆرىمەن پېشانەمدىن،
بولدى شۇنداق ئۆتۈپ كېتەي ئالەمدىن،
مەن نالىسىز كۆڭۈلۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بۇ دۇنيادا بەلكىم مەندەك بىر كىم يوق،
تا ئۆلگۈچە ئىشلىمەك شۇ گېپىم يوق،
قاتتىق ئىشتىن باشقىغا كىرىكىم يوق،
تەنۇ-جىسمىم بارۇ لېكىن يۈرىكىم يوق،
مەن يۈرەكسىز كۆڭۈلۈپ قالغان ئوخشايمەن.

## 8

تارتالمايدۇ ئات هارۋىسى هالىمنى،
كۆردىڭىزمۇ يارىشمىلىق خالىمنى،
قويۇۋالغانمەن ساپ كۈمۈشتىن نالىمنى،
ياراتمايمەن شۇڭا ھەتتا ئالىمنى،
هال تارتىشقا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كىيىم دېسە «ملك تەسەددۇق» جان دەيمەن،
بۇ مەن ئۈچۈن كاتتا شەرەپ-شان دەيمەن،
كىيىم ھەتتا يۈرىكىمگە قان دەيمەن،
توشمايدىغۇ كەيگىنىمگە سان دەيمەن،
مەن سانىماي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

پارقىرايدۇ ئۈستۈمشىم زىننەتتىن،
خەق ئەيمىنەر تۇرقۇمدىكى ھەيۋەتتىن،
هېچ بىلمەيمەن بىر يوشۇرۇن غەيرەتتىن،
ئاغزىم بىكار بولماس سۆزدىن غەيۋەتتىن،
غەيۋەتخۇمار كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بىلىم دېگەن نېمىكىن تاڭ ئۇقمايمەن،
كىتاب-پىتاپ دېگەننىمۇ ئۇقمايمەن،
ۋاقىت تاپسام لەززەتلىنىپ ئۇخلايمەن،
مەندىن ئېسىللارنى كۆرسەم پۈتلايمەن،
پۈتلاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

نېمە پايدا كەپتۇ قۇرۇق بىلمىدىن،
ھېچنېمەم يوق مېنىڭ ئارتۇق گېلىمدىن،
شۇڭا كۆركەم تۇرىمەن ئۆز خىلىمدىن،
ياقتۇرىمەن ئۆز ئىشىمنى دىلىمدىن،
كۆركەم يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

گۆش قايناپدۇ كەلسە ئەگەر ئاتا-ئانام،
دەيدۇ ئۇلار بەكمۇ باقتىڭ جان بالام،
ئاغرار بېشىم كېلىپ قالسا قېينانام،
«ۋاي بېشىم» دەپ ياتىمەن شۇ ئىش تامام،
باش ئاغرىققا كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

بەك ئاسرايمەن، گۈلدەك، ئالتۇن بويۇمنى،
ئۈپراتمايمەن ھەتتا بىر تال مويۇمنى،
ئويلىمايمەن باللىرىمنى، ئۆيۈمنى،
قىلسام دەيمەن قايتا ئىسست! تويۇمنى،
تويغا ئامراق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشىرىمەن يىگىرمە ياش، توي دېسە،
چۈشتى گىلەم، نەق پۇل يەنە قوي دېسە،
خەجلىنىپتۇ تويدا ئون مىڭ كوي دېسە،
قانچە ئابرۇي خەقلەر ئاگلاپ ھوي دېسە،
مەن ئابرۇيلۇق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ياشاپ نېمە بار ئابروي-ئاتاق دېمىسەم،
بەرسە خۇدا خانىشلىقنى تىلىسەم،
ھېچكىشنىڭ گېپىگىمۇ كىرمىسەم،
كۆڭلۈم نېمە تارتسا كىيسەم ھەم يېسەم،
گەپكە كىرمەي كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

ئائىلىنى دەركەن مىكرو جەمئىيەت،
گۈللىنەرمىش بولسا بىر دىل، بىر نىيەت،
ماڭا لازىم ئەمەس سوكال تەربىيەت،
ئۆز يولۇم بار ماڭىدىغان تا ئەبەد،
تەربىيىسىز كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

خاتىمە

يۇگەنلىنىپ مىنىلىدۇ كۆنسە ئات،
بۇ ئازكىلىپ دەيدۇ تېخى ھارۋا تارت،
كۆنۈش شۇنداق چوڭقۇرلىشار قاتمۇ قات،
ئاقماس ھەرگىز كۆنۈپ بولۇپ دېسە دات،
ئەمما مەن بەك كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

كۆنۈش شەيتان، كۆنۈش بەكمۇ خەتەرلىك،
پاكىت سانىسىز شۇنچە قايىل ئېتەرلىك،
بولار ئەمدى شۇ كۆنگىنىم يېتەرلىك،
ئەڭ ئاخىرى بىر ۋارقىراي جىگەرلىك،
كۆنمەسلىككە كۆنسەم ئاندىن ياشايمەن!

# ئۆتمەس ماتا زورلاپ ساتا

(ئېلان ھەققىدە ھەجۋىي)

ئابدۇرەھىم ھەكىمى

تۇرنىلاردەك بەسلىشىپ كېلەر قاتار ئېلانلار،
ھەر كىشىگە ئۆزگىچە يۆلىنى ئارتار ئېلانلار،
بىزار قىلدى ئاۋامنى،زورلاپ ساتار ئېلانلار،
يوغان-يوغان گەپ باشلاپ،پونى ئاتار ئېلانلار،
تىلەمچىنى ئەسلىتەر ھەر يەردە خار ئېلانلار،
ئۆيى بولمىسا كىرگىلى نەدە ياتار ئېلانلار؟

بىرى دەيدۇ:دورام بار تىرىلدۈرەر ئۆلۈكنى،
بىرى دەيدۇ:مەلھەم بار قوچقار قىلار ئېرىكنى،
بىرى دەيدۇ:ئاقلايمەن چىشتىكى داغ-چىرىكنى،
بىرى دەيدۇ:بابلايمەن يۈز تېرىسى يىرىكنى،
بىرى دەيدۇ:شورايمەن قوتازدىكى يىلىكنى،
تۇرنىلاردەك بەسلىشىپ كېلەر قاتار ئېلانلار،
يوغان-يوغان گەپ باشلاپ،پونى ئاتار ئېلانلار.

بىرى دەيدۇ ئېلاننى قېتىپ شېئىر -قوشاققا:
سوپۇن چىقتى شىپالىق سېمىز باداڭ - قورساققا،
كۆرۈلدۇ ئۈنۈمى بارماي تۇرۇپ ئۇزاققا؛
مەپتۇن بولۇپ سەتەڭلەر ئورۇقلىغان بويتاققا،
ئۆزى كېلۇر ئاخشىمى كۈتۈپ تۇرساڭ قۇچاققا...
ئىچى قۇرۇق ،تېشى ئۈز نۇرلۇق پار-پار ئېلانلار،

بىزار قىلدى ئاۋامنى،زورلاپ ساتار ئىلانلار.

بىرى دەيدۇ:كەمپۈت بار باللارغا ئەپ بېرىڭ،
تەمى قالتىس ئۆزىڭىز ئۆلگە بولۇپ يەپ بېرىڭ؛
تاشلىۋەتسە بىر شۇملۇپ،ناۋات چايغا سەپ بېرىڭ،
مۇكاپات بار،سورىغانغا ئۇنى «تاتلىق» دەپ بېرىڭ،
مەن دەيمەنيۇ:ئاز داڭلاپ،خېرىدارغا نەپ بېرىڭ!
ھەر كىشىگە ئۆزگىچە يۈكنى ئارتار ئىلانلار،
تىلەمچىنى ئەسلىتەر ھەر يەردە خار ئىلانلار.

بىرى تاقاپ باغرىتاق،مېڭىپ سەھنە ئۈستىدە،
دەيدۇ تېخى:قىزلارنىڭ گۈزەللىكى بەستىدە،
ھاللاڭ قويۇپ قورساقنى،شۇ ئىلاننىڭ دەستىدە،
قىزلار بۈزدى ھايانى ئۆز بولۇشنىڭ قەستىدە،
غەلەت ئىشلار كۆپەيدى مانا ئەمدى رەستىدە،
بىر قارىسا مەپتۇنكار،دىلنى تارتار ئىلانلار،
تۈرنىلاردەك بەسلىشىپ كېلەر قاتار ئىلانلار.

بىرى دېسە:چىكىملىك- ئۆپكە كېسەل دورىسى،
تەپتارتىدۇ بەگىمدىن پارقازاننىڭ مورىسى؛
ماختاپ ئاچچىق ھاراقنى چولپانلارنىڭ جورىسى،
دەيدۇ تېخى:ئىچكەنلەر ئەجدادلارنىڭ ۋارىسى،
مەن ئېيتىمەن:ئۇنداقلار ساغلاملىقنىڭ ئوغرىسى،
بىزار قىلدى ئاۋامنى ئۇنى غار-غار ئىلانلار،
ئىچى قۇرۇق ،تېشى ئۆز نۇرلۇق پار-پار ئىلانلار.

بىرى دەيدۇ:دوختۇرمەن قىز-جۇۋانغا غەمگۇزار،
بوشاپ كەتكەن كۆكرەكتىن ئاياللارنىڭ غېمى بار،
ماي چىقاردىم شىپالىق شۇنداقلارغا بولۇپ يار،
تۇل مومايىنىڭ كۆكسىمۇ سۇرتۇپ قويسا تىك تۇرار،
پىگورىلىق ئايالنى ئەرلەر كۆرۇپ ئاھ ئۇرار،
ۋاي نومۇس،ۋاي ئاھانەت،نەگە پاتار ئېلانلار.

بىرى دەيدۇ:بىر تازىنىڭ غەمگۇزارى ،دالتىكى،
قارىدايدۇ بۇ مايدا كاللىڭىزنىڭ ئاق تۇكى،
ئاقارمايدۇ،چۇشمەيدۇ ئەسلىدىكى ساق تۇكى،
دەۋرىشى بىر گەپنى خۇددى ئەنجان پاختىكى،
بىلەلمىدۇق شۇنىڭدىن ساختىلىقنى مالدىكى،
ساختا بىلەن ھەمداستىخان،ھەيۋىسى بار ئېلانلار،
قۇيرۇقلىرى بىر تۇتام كاززاپقا يار ،ئېلانلار.

بىرى دەيدۇ:گۇزەللىك ئىزدەپ يۇرگەن قىزچاققا،
كۇسار تىكتۇق دورىلىق ،پايدا قىلۇر شىراققا،
گۇزەل شىراق سالىدۇ يىگىتلەرنى پىراققا،
ساتماقتىمىز بۇ مالنى چېگرا ئاتلاپ يىراققا،
ئۇنى-بۇنى دەۋەرسە چۇشەر ئەخمەق ،قىلتاققا،
قىلتاق قۇرۇپ ھەر يەردە،ياخشىغا دار ئېلانلار،
مەنتىقگە چۇشمەيدۇ،نۇقسىنى بار ئېلانلار.

قورقۇنچلۇق ۋەھىمە چىقار بەزەن ئىبلاندىن،
بەزى ئىپسىل مەھسۇلات ياسالغانىمىش يىلاندىن،
چۈچۈپ كېتىپ نەچچە رەت ئەنسىرىدىم بۇ جاندىن،
يالتىيىسىز شۇ سەۋەب« ئالاي» دېگەن پىلاندىن،
«ئىشەنسىڭىز يالغانغا ،ئايرىلىسىز ئىماندىن»
ئىشەنگۈدەك توقۇلغان ئالا-چىپار ئىبلانلار،
ئەل رايىدىن ئايرىلغان قاتار-قاتار ئىبلانلار.

«شاھ تاۋار» دەپ ئات قويغاچ ئۆتمەس ماتا -بۆزىگە،
نەچچە قېتىم ئالداندىم ئىبلانچىنىڭ سۆزىگە،
توپا چاچماڭ ھۆپىگەر،خېرىدارنىڭ كۆزىگە،
قارا سوۋۇپ بىر كۈنى ئالدامچىنىڭ يۈزىگە،
ئەل سازايى قىلمىز،ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە،
ئۇۋال بولسا بولمامدۇ،ھەر يەردە خار ئىبلانلار،
رىقابەتكە چۈشۈرسە ،بولار تارمار ئىبلانلار.

ئوقۇپ قوپال نەزمەمنى ،دېمەڭ مېنى«مەست ئىكەن»
ئىبلانچىنىڭ ئالدىدا ئىستېمالچى خەس ئىكەن،
ئىبلاندىكى سەت گەپنى شېئىر قىلماق تەس ئىكەن،
بەزى ئىبلان سۆزلىرى ھەقىقەتەن پەس ئىكەن،
پەس ئىبلاندىن شىركەتنىڭ تىجارىتى نەس ئىكەن،
نەس باسقۇزار بىركۈنى ساختا،ناچار ئىبلانلار،
ساختا بولسا ھەممىگە پىتنە چاچار ئىبلانلار،

**مۇددىئايىم: ئېلاننىڭ گېپى يوللۇق، ئاز بولسا،**
**كۆرۈنۈشى يېقىملىق، تىلى گۈزەل ساز بولسا،**
**بىلگەنلەرنىڭ شادلىقتىن قەلبى باھار ، ياز بولسا،**
**ئۆردەكلىرى ئۆردەكچە، غازلىرى ئۇز غاز بولسا،**
**ئىزدىمەمدۇ ئاشىقى مەشۇقىدا ناز بولسا،**
**يوقىتىلسا، يوقالسا.... پاخپاق- ناچار ئېلانلار،**
**ئۆي بولمىسا كىرگىلى نەدە ياتار ئېلانلار؟**

# ئۆيلەنمەيمەن

تاھىر تالىپ

سۆي دېدى بىر پەرىزات قاراپ قويماي،
مەن ئۈچۈن چېچىنى بىر تاراپ قويماي.
سۆي دېدى ئۆزى ئېگىز راۋاق ئۈزرە،
بىر چۈشۈپ ئاشىقىغا قاراپ قويماي

سۆي دېدى قولىنىمۇ بىر ئۇزاتماي،
سۆي دېدى گۈللىرىدىن بىر پۇراتماي.
سۆيدۈرمەك بوپتۇ مېنى پەملىشىمچە،
ھەتتاكى يېنىغىمۇ بىر يولاتماي.

سۆي دېدى جانان تەڭلەپ تاپىنىنى،
تاشلىماي سۈرلۈك بۆرە چاپىنىنى.
مۆرەمۇ، يۈرىكىمۇ بولدى يېغىر،
كۆپ سۆرەپ تەڭقىسلىقنىڭ ساپىنىنى.

سۆيمىسەم سەكرەپ چۈشۈپ چەيلىمەكچى،
تېرەمنى تەتۈر سويۇپ ئەيلىمەكچى.
«سۆيمىدىڭ تاپىنىمنى، ۋاپاسىز» دەپ،
دوزىخى قاتارىغا ھەيدىمەكچى.

مەيلىدى پەستە تۇرسا ئاز بولسىمۇ،
سۆيەتتىم يانمۇ يان بوپ تاز بولسىمۇ.
(بوينىنى ئۇنداق ئېگىز تۇتمىسكەن،-
دەپ قالدىم مەشۇق، ھەتتا غاز بولسىمۇ.)

سۆي دېدى، سۆيمىدىم مەن، سۆيەلمىدىم،
كۆي، دېدى، مۇزلىدىمكى، كۆيەلمىدىم.
بېشىمنى بېسىپ باقتى كېنىزەكلەر،
تاپانغا تىل سوزۇشقا كۆنەلمىدىم.

ھال شۇكى، ئۇ يا مەندىن كېچەلمەيدۇ،
يا پەسلەپ ۋىسالىمغا يېتەلمەيدۇ.
مەن دەيمەن: مۇھەببەتسىز ھاجەتكىلا
بۇ نىكاھ ئىمارىتى پۈتەلمەيدۇ.

شۇڭا مەن ئۆيلەنمەيلا ئۆتەي دېدىم،
تاق ياشاپ مۇرادىمغا يېتەي دېدىم.
بويتاقلىق ملك ئەلاكەن «سايىملىق»تىن،
بويتاقلا ئۇ ئالەمگە كېتەي دېدىم.

# ئۆيلەنگىن

روزى سايىت

راۋاقتا چىقىۋېلىپ ماراپ قويماي،
نازىدا قاش ئېتىپ، چاچ تاراپ قويماي،
«سۆي» دېسە، مەشۇق ئەمەس، ئالۋاستى ئۇ،
كەتكۈلۈك پەشنى قېقىپ قاراپ قويماي.
يېنىغا تارتىمىسا يا كەتكۈزمىسە،
«سۆي!» دېسە، گۈلىدىن شاخ ئەگكۈزمىسە،
ئېغىزى پۇراپ مىدىكىن كاساپەتنىڭ،
سۆيگەندە لەۋلىرىگە لەۋ تەگكۈزسە.
«تاپانغا سۆي!» دېگىنى ساراڭلىق ئۇ،
زاتىغا ئىبلىس چاپقان هاراملىق ئۇ.
هىدلاشما ئازاب، نومۇس، سۆيۈش تۆگۈل،
نىجاسەت دەسسەپ يۈرگەن داۋاملىق ئۇ.
سۆيمىسەڭ چەيلەمدىكەن پەسكە چۈشۈپ،
تىرەڭنى ئەيلەمدىكەن قەستكە چۈشۈپ؟
قورقمىغىن، تىترەيدۇ ئۇ راۋىقىدا،
ئورنىشىپ ئولتۇرۇشمۇ تەسكە چۈشۈپ.
گېپىڭچە «تاز» بولسىمۇ، «غاز» بولسىمۇ،
سۆيدۈرسە سۆيگۈدەكسەن «ماز» بولسىمۇ..
بىلىپ قوي، بەت ئەھلىنىڭ كۆڭلى سۇيۇق،
سەن- بىزدىن گۈل قىزغىنار ياز بولسىمۇ.
گېپىڭچە كېنىزەكلەر باسقاندا باش،

تاپانغا سۆيدۈرمەككە چاغلاپ ياۋاش.
«ياق» دەپسەن، كۆنەلمەپسەن، سۆيەلمەپسەن،
سۆيگۈڭ بار، ئىشق يۈكىنى ئېتىپ باغاش.
شۇڭا ئۇ كەچمەيدۇ، سەن كېچەلمەيسەن،
ئۇ «پەس»كە، سەن «ئېگىز»گە كۆچەلمەيسەن.
سەن دەيسەن: ئىككى قولدىن چىقسۇن چاۋاك،
ئۇ دەيدۇ: مۇزلاپ، كۆيدۈڭ، ئۆچەلمەيسەن...!
ئاڭلىسام، «ئۆيلەنمەيمەن!» دەپ يۈرۈپسەن،
«تاق»لىقتىن مۇراد ئىستەپ چۈش كۆرۈپسەن.
نۇرغۇنغۇ بويتاق «سايىم» يۇرتىمىزدا،
خوتۇن ئال، ئالما ئۆزگىن يەڭ تۈرۈپ سەن!

1996-يىل 20-ئۆكتەبىر، خوتەن

# بىرەر تونۇش بولمىسا

مۇھەممەدجان راشىدىن

ئىش پۈتكۈزمەك مۇشەققەت،بىرەر تونۇش بولمىسا،
قوشۇلىدۇ شەرتكە شەرت،بىرەر تونۇش بولمىسا،
قوشۇلىدۇ دەردكە دەرد،بىرەر تونۇش بولمىسا،
يىغلاشمۇ بار نەچچە رەت،بىرەر تونۇش بولمىسا،
ئەڭ ياخشىسى ئاستا كەت،بىرەر تونۇش بولمىسا.

بۇلىۋالدى خادىملار ئىشنى پۇلسىز بېجىرمەس،
مىدىرلىماس ئاز پۇلغا ،ئۇندا بىزنى باسار نەس،
ئارقا ئىشىك ئاچمىساڭ ،ئاسان ئىشمۇ بولار تەس،
شۇڭا تونۇش ئىزدەيمىز ،مېڭىپ يۈرۈپ ئىگىز-پەس.
تۆگىشىمىز پۇل تۆلەپ، بىرەر تونۇش بولمىسا.

تونۇشلىرى بارلارنىڭ باللىرى خىزمەتتە ،
يېقىنلىرى يوقلارنىڭ قالدى يىللاپ بىر چەتتە،
پرىنسىپلار ،ھۆججەتلەر يوق ئەمەستۇر ئەلۋەتتە،
ھۆججەت قىلىپ بىر چەتتە ،ئىش پۈتىدۇ خىلۋەتتە،
يامان ئىكەن شۇ خىلۋەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

كۆرە-كۆرمەي دوختۇرلار ،،بالىنىستا يات دەيدۇ،
«يېتىشمەيدۇ پۇل» دېسەم ،«ئۆي-بىساتىنى سات »دەيدۇ،
بىر شەيتىنىم پىچىرلاپ ،رېستورانغا تارت دەيدۇ،
كۆڭلۈم :ئەمما ياخشىسى بىرەر تونۇش تاپ دەيدۇ،

ئۆزگە ئامال يوق پەقەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

تونۇش كېرەك جىق ئىشتا،تىجارەتتە ،سەپەردە،
تونۇش -بىلىش بولمىسا ،ھاياتىڭمۇ خەتەردە،
ئىشچى بولۇپ زاۋۇتتا رەسمىيەتنى ئۆتەردە،
قەرز ئېلىپ بانكىدىن ياكى لازىم ئىتەردە،
كار قىلمايدۇ ئاق ھۆججەت،بىرەر تونۇش بولمىسا.

تونۇش دىگەن تونۇشكەن ،يۇمشتاركەن قاتتىقنى ،
ئايلاندۇرۇپ تاتلىققا ،ئوڭشايدىكەن ئاچچىقنى ،
يېقىنلىرى پەسكويغا چۈشۈرەركەن باشلىقنى ،
غەم باسقاندا تونۇشۇڭ باشلاپ كېلەر شاتلىقنى ،
سوكۇلدايسەن ھەپتىلەپ ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

ئەقەللىيسى ئالالماي بىر پىراۋا بالامغا،
ئۆتتۈپ كەتتى توققۇز ئاي قۇرۇق بارغاچ سالامغا،
پۇل سۇڭگۇتسەم جۇدالىق يېتەر ئىكەن كالامغا،
تۇز سەپكەندەك بولمامدۇ ،ساقايمىغان يارامغا؟
نەدە يارىدەم،نە مەددەت،بىرەر تونۇش بولمىسا؟!

بىرەر تونۇش بولمىسا،ياقا يۇرتقا چىقساڭمۇ،
مۇساپىرسەن، غېرىبسەن پۇل خەجلەشنى ئۇقساڭمۇ،
تەشۋىش بىلەن ياشايسەن ،بەتتە پولۇ يۇتساڭمۇ،
تونۇشلارغا يېتەمدۇ ،بىرەر ئۇستاز تۇتساڭمۇ؟
كېتەر سەندىن سەلتەنەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

بىر شەھەرگە بىر كۈنى بېرىپ قالدىم ئويىنىغاچ،
تېنەپ قالدىم تۈيۈقسىز بىرەر تونۇش بولمىغاچ،
سەرسان بولدۇم ،يات كۆرۈپ سارايلاردىن قوغلىغاچ،
ئامان قالدىم تۈرمىدىن ،ياندا پۇلۇم قوغدىغاچ،
بولار ئىكەن بەكمۇ سەت،بىرەر تونۇش بولمىسا.

ياكى مىنىڭ تونۇشۇم ۋە يا ئۇنىڭ تونۇشى ،
مۇھىم ئىكەن ئەيتاۋۇر بىر تونۇشنىڭ بولۇشى،
نۇرغۇن غەمدىن قۇتقۇزۇپ تونۇشلارنىڭ يۆلىشى ،
پېقىرنىڭمۇ ئازايدى ،شۇڭا يانچۇق كولىشى ،
تەييار ئىكەن قاباھەت ،بىرەر تونۇش بولمىسا.

«تونۇشتۇرۇش»دېگەندىن «تونۇش»ياخشى بوپقالدى ،
سايىسى يوق دەرەختىن قومۇش ياخشى بوپقالدى،
تونۇشلارنى يات ئېتىپ تۇرۇش ياخشى بوپقالدى،
يىرتىقمىغا ئەسقاتقان پۇرۇچ ياخشى بوپقالدى،
تۆگىتەتتى مېنى يەپ بىرەر تونۇش بولمىسا.

# سەن مەندەك بولالامسەن ؟

مۇھەممەدجان راشىدىن

سەن مەندەك بولالامسەن ،
دۆڭگە سۇ قۇيالامسەن ؟
ئاناڭغا سويمىغان قوينى ،
باشلىقا سويالامسەن ؟

قويغا ئۆزگىرەلەمسەن ،
ئىتقا ئايلىنالامسەن ؟
مەندەك ئەركىلەپ يورۇپ ،
باشلىق سايلىنالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
كۆككە غادىيالامسەن ؟
«بۇ ئىشلىك خاتا » دېسە ،
شۇ ئان جايلىيالامسەن ؟

ئاغزىڭدا شەھەر ئىلىپ ،
بىر كۆتەك يارالامسەن ؟
بىلىڭنى سيلاپ يورۇپ ،
مۇكاپات ئالالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
غەيۋەتمۇ قىلالامسەن ؟
ياخشىلارغا دەرد كەلسە ،
چاۋاكمۇ چالالامسەن ؟

قانچىلىك ھۆنەرۋەنسەن ،
قاپقانمۇ قۇرالامسەن ؟
ھەر دوستۇڭغا بەش ئورا ،
مەندەك كولىيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
قىزلارنى تورالامسەن ؟
دادىڭىسى كېلىپ قالسا ،
قورقماستىن ئۇرالامسەن ؟

پايپاسلاپ سەتەڭلەرنىڭ ،
كەينىدىن ماڭالامسەن ؟
ئەر يەتكەن بالاڭ تۇرۇپ ،
ئاشنا ئوينىيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
قاۋاقتا قونالامسەن ؟
ساقچىلار كېلىپ قالسا ،
مەندەك تېز تونالامسەن.

يېتىمنى بوزەك ئەيلەپ ،
يالغۇزنى ئۇرالامسەن ؟

نوچىسى كېلىپ قالسا ،
ئون تەزىم قىلالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
بازار باشقۇرالامسەن ؟
ئون تىيىن چىقىم قىلماي ،
كىگىز باستۇرالامسەن ؟

سودىگەر بولالامسەن ،
خەقنى كومىليالامسەن ؟
داداڭ پۇل سوراپ قالسا ،
شىردەك ھومىيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
سۆتكە سۇ قوشالامسەن ؟
خەقنىڭ مۆلكىنى ، ئاستا
ئۆزۈڭگە توشۇيالامسەن ؟

ئالدىدا ئاپاڭنىڭ ،
مەندەك تىك تۇرالامسەن ؟
كۆندۈزى تاماق ئېتىپ ،
كەچتە كىر يۇيالامسەن ؟

سەن مەندەك بولالامسەن ،
شۇنچە ئىش قىلالامسەن ؟
بوران چىقسىمۇ ئون بال ،
يىقىلماي تۇرالامسەن ؟

# كەپتۇدەك

مۇھەممەدجان راشىدىن

بىزنى يەنە بىر ئۆمەك گوللىغىلى كەپتۇدەك.
پۇل خەجلىسەك «ئىلغار»دەپ يولىلىغىلى كەپتۇدەك.
پىچىر-پىچىر گەپ تولا:كۆتۈۋالسا كىم ياخشى،
ئەڭ ئاۋۋىلى شۇلارنى قولىلىغىلى كەپتۇدەك.

«مۇپەتتىش»كەن ئاتىقى،مېھمانخانا ياتىقى،
قانىمىغۇچە ئويۇنغا ئېچىلمايدۇ قاپىقى،
ئىچىۋالسا ئاز ئەمەس مۇلازىمغا چاتىقى،
ئۇنىمىسا ئۇلارنى زورلىغىلى كەپتۇدەك.

كىمدە بولسا ئەمەل-تاج،شۇنىڭ بىلەن گېپى بىر،
ئوينايدىغان مەشرىپى،چالىدىغان دېپى بىر،
تارتىدىغان ئوغلىقى،مىنىدىغان ئېتى بىر،
شۇلار بىلەن يەپ-ئىچىپ ئوينىغىلى كەپتۇدەك.

بىزنىڭ باشلىق چىك چىقتى:باشلىۋېتىپ سەيلىنى-
قوشۇپ بېرىپ قىز-چوكان،تارتىۋالدى مەيلىنى،
(ھاگرالماسكەن ئېشەكمۇ مايلاپ قويسا كەينىنى)،
ماراپ يۈرۈپ قىز-جۇۋان ئوۋلىغىلى كەپتۇدەك.

شەنبە كۈنى يېشىل باغ ئۇلار ئۇچۇن خىزمەتتە،
قىلىشمايدۇ شەنبىدىن يەكشەنبىمۇ ئەلۋەتتە،
قاتارلىشىپ پىكاپلار تاغقا ماڭدى رەت-رەتتە،
چۈنكى ئۇلار بۆرە بوپ قوي يېگىلى كەتتۇدەك.

تىلى بارۇ،سۆزى يوق پۇقرالارغا ياققۇدەك،
ئۆزى بارۇ،كۆزى يوق نامراتلارغا باققۇدەك،
لازىملىقنى ئۆزىگە ئەمما پۇراپ تاپقۇدەك،
بىزگە ياقماس بىر ناخشا توۋلىغىلى كەتتۇدەك.

قۇلاقلىرى بار،ئەمما ئەرز،ئىنكاس تىڭشىماس،
ئون كەلسىمۇ نامراتنىڭ ھال-كۈننى ئوڭشىماس،
تاپىنىدا ئۇلارنىڭ ئەسلا خامان يۇمشىماس،
خۇيى تۇتسا پۇقرانى تىللىغىلى كەتتۇدەك.

يالغان قايسى،راست قايسى؟بىلىپ تۇرۇپ ئۇنچىقماس،
قۇرۇپ كەتكەن ئېتىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۈنچىقماس،
ئەگىز سۇدا كۆنىدە قول يۇيۇپ تۇرۇپ ئۈنچىقماس،
ئۆزگىنىمۇ ئۆزىدەك بۇلغىغىلى كەتتۇدەك.

ساھىبخانىنى قىستاركەن قىشتا قىمىز تاپقىن دەپ،
بايتاللىرىڭ بولمىسا،ئاتلىرىڭنى ساغقىن، دەپ،
بۆيرۈيدىكەن ئورماندىن قىرغاۋۇللار ئاتقىن،دەپ،
بىزنى سىلىق ئالۋانغا بۆيرۈغىلى كەتتۇدەك.

# ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن

مۇھەممەدجان راشىدىن

ساتىرا

ئىشتىن بالدۇر كېتىشسەك، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن،
قايسىڭ ئىشقا كېچىكسەڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
كېچىكمەمسەن خىزمەتكە، يېتىۋەرسەڭ چىرمىشىپ،
بىر كارۋاتتا يېتىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

جان يېرى بار ئادەمنىڭ، ئوخشار ئاڭا مائاشىمۇ،
ئۇندىن قۇسۇر تېپىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
بۇندىن ئۆزگە تەدبىرنىڭ، ئانىسىنى تۇمەنمىك...!
مىنىڭ بىلەن ئېيتىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

ئىنتىزامىڭ بولمىسا كۆندە كېسەل بولمامسەن،
بالنىستتا يېتىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.
ئىدارىگە يولاتما ، ئەمدى بالا-چاقاڭنى،
بۇندا بالا بېقىشساڭ، ئىش ھەققىدىن تۇتىمەن.

چىقىپ كەتسەڭ كىرمەيسەن خالا جايدىن بىر سائەت،
يىغىن ئاچسام قېچىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
قېشىڭدىكى ئوسمىنى قاچان قويدۇڭ، ئېيتمىدىڭ،
ئەمدى خېنە يېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.

گەپنى ئوچۇق دەپ قويااي!مېنى كۆرسەڭ پىچىرلاپ،
قۇلىقىڭنى يېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن.
بارالايدۇ يېقىرمۇ،بارغان يەرگە ھەر قايسىڭ،
رەھبەرلىككە چېقىشساڭ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن

# ئاشنا تاتلىق،خوتۇن ئاچچىق.

ئاپتورى: ئېنىقسىز

ۋەدە بېرىپ ئالغان خوتۇن گۈزەل بولسىمۇ،
يول بويىدا تۇتقان ئاشنا ئۇنىڭدىن تاتلىق.
مېھرى - ۋاپا خوتۇنۇڭدا ئەدەپ بولسىمۇ،
بۇزۇق - رەسۋا ئۆيىنى بۇزغان ئاشنىلار تاتلىق.
جۇپ بالاڭنىڭ چىن سۆيگۈلۈك ئانىسى قېرى،
ھېرىپ - ئېچىپ ئەتكەن ئىسسىق تامىقى ئاچچىق.
ئىللىپ قالار كېچە ئورنۇڭ يات بىر ھۇجرىدا،
ئۆز ئۆيۈڭدە مۇزدۇر خوتۇن، دەملىرى ئاچچىق.
تېخى قىز دەپ تەنلىرى ئۆتمە تۆشۈكلەر،
كۆلۈپ بىرەر ساڭا شاللاق بېقىشى تاتلىق.
پەرزەنتىڭگە كۆڭۈل كۆزۈڭ تەگمەس بىر نۆۋەت،
ئاممۇۋى تەن نازىنىنلارغا بېقىشىڭ تاتلىق.
پاك سۆيگۈدە كۈتكەن سېنى كېچە ۋە كۈندۈز،
ئائىلەڭ گۆر ساڭا تۇرخۇن - موربىدەك ئاچچىق.
خۇش بولارسەن ئاشنىلارغا پۇللىرىڭ تۆكمە،
خەجلەپ قويساڭ گەر ئۆيۈڭگە زەمزىمىڭ ئاچچىق.
ئاشنا تاتلىق، خوتۇن ئاچچىق،ھېكمىتىڭ سېنىڭ،
خەپ ئاخىرى ئاچچىق كۈنگە قالارسەن قاتتىق.
ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىقتۇر، تاتلىق پەس جېنىڭ،
ھاياتىڭ خار، دەملىرىڭ زار.... نام - شەرىپىڭ داغلىق.

نامىڭ داستان بولۇپ ئەلدە، ئىبرەت ئۆلگىسى،
كوچىلاردا قاچار سەندىن ھەتتا لالما ئىت.
بىر زامانلار شۇ سەتەڭلەر ياماشقان جىسمىڭ،
ۋىرۇس بىلەن تولۇشتى تەن يامراپ، قۇرۇت، پىت.

# ئىزغا مۇجەسسەملەنگەن قامچىلار

**ئاپتورى: ئېنىقسىز**

**ياش ئىدۇق قاۋاقخانىغا ئاتلىنىپ چىققاندا بىز ،**
**ئاق تاماكا چەككۈدەك بوپ قالدى بىزنىڭ نەۋرىمىز.**

**يات ئىدۇق مىللەت ئۈچۈن دەسلەپ هاراق ئىچكەندە بىز،**
**ئۆرۈپ- ئادەت بولدى ئەمدى نەزرە -تويىدا مەي ،قىمىز.**

**ياش ئىدۇق قاۋاقخانىغا گىدىيىپ كىرگەندە بىز ،**
**ئەمدى چۆنتەكلەر قۇرۇق شوپاڭچى بولدى نامىمىز.**

**قالدى ئىز گاهى قاۋاق گاه تانسىخانىلاردا يەنە ،**
**قەرزدارغا يالۋۇرۇپ ئىتتەك پۈكۈلدى قەددىمىز.**

**ئۆتتى ياشلىق باغچىدا ،قالدى قاۋاقتا هەممىسى،**
**قالدى نى-نى قىز جۇۋانلار پۇل ئۈچۈنلا قەدىرسىز.**

**يوق نومۇس ئاكا-سىڭىل ئەهلى جامائەت ئالدىدا،**
**مەيلى نەپرەت بىرلە بىزنى تىلغا ئالسا نەۋرىمىز .**

**قەبرىسىز قالدى دېمەڭ مەسلەرنى دوقمۇش دالدىدا،**
**بىز ئۈچۈن يۇندا يولى، ئەخلەت تۇڭمۇ يېڭى ئىز.**

ئەيلىسە نەپرەت كېپەن،ھەسرەت بىلەن يۇسا تاراپ،
ئوت ئازابقا تولغۇسى تاشلا قىيامەت قەبرىمىز.

ستۇدېنتلار ئىزى

پاك ئىدۇق كۆزلەپ ئىلىم يۈرتتىن قەدەم ئالغاندا بىز ،
مودا قوغلاش، يار تۇتۇش بوپقالدى بىزنىڭ كەسپىمىز.

تاق ئىدۇق يۇرتتىن ئۇزاپ ئەركىن قانات قاققاندا بىز،
يار تۇتۇشقا بولدى كاسىپ مەيلى يىگىت مەيلى قىز.

قالدى دەرس، قالدى كىتاب قالدى نىشانلار ھەممىسى،
تۆگمەس سۆيگۈ نىزاسى قەلبلەرگە سالدى ئىز.

قالدى ئىز گاھ باغچىدا،گاھ رېستورانلاردا يەنە ،
كەلمىسە گەر ئىمتىھان، يوق يادىمىزدا دەرسىمىز.

قالدى دىن، قالدى ئېقىم، قالدى تەبىئىي پەن ھەممىسى،
كاتتا چولپان ناخشىچى بوپ سەھنىگە چىقماقچىمىز.

ياش ئىدۇق يايما ئېچىپ ،تەنزە قۇرۇپ ساتقاندا بىز ،
ئەمدى كاتتا باي ئاتالدۇق نەچچە ئامبار مېلىمىز.

سەنئەتچىلەر ئىزى

ئاز ئىدۇق تويلار ئارا مەشرەپتە ساز چالغاندا بىز ،
ناخشىچى مىللەت ئاتالدۇق بارچە ئۇيغۇر ھەممىمىز،

قەھرىمان سادىرمۇ ھەم ئەھمەد زىيا قىلدى خىتاب ،
ناخشا بىلەن تۇغۇلۇپ،ناخشا بىلەن ئۆلمەكچىمىز.

قالدى دىن قالدى تەبىئي پەن قالدى كاماندارلىق يەنە ،
بولدى ئۇيغۇر بەلگىسى ناخشا ئۇقۇش، مۇقامىمىز.

توختىماس چولپان ئۇسۇلدىن مىللەتكە كەلسە گەر قازا ،
چىقىۋالساق سەھنىگە شەرمى ھاياسىز بەندە بىز

# ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
كىيىپ يۈرەر كۆتەكسىمان كەش.
كەشكە قاراپ ئۇ، بۇ دېمەڭلار،
قەدەم تاشلار سېكۇنتىغا بەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
چېھرى ئىلىق مېھرىدۇر ئاتەش.
كار قىلالماس شۇڭا زىمىستان،
يالقۇنلايدۇ مەيدىسىدە مەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
شۇنچە خۇشخۇي، شۇنچىلىك دىلكەش.
شۇ دىلكەشلىك ئاچقۇچى بىلەن،
ئاچار ئەگەر بولسا دىللار غەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
ئۆزى ئوماق سۆزلىرى ئەبجەش.
ئەبجەشلىكتە بىلمەيدۇ بەلكىم،
مۈشۈكنى دېيىشنىمۇ پەش.

ئۈرۈمچىنىڭ بودەك قىزلىرى،
كۈلكىسىدە بىر گۈزەل ئۈندەش.
ئېلىپ كەلگەي ئاڭا ئىلاھىم،
يېڭى ئەسىر يېڭىچە گۈللەش...

**(ئاپتۇرى ئېنىقسىز بولغان ئاخىرقى ئۈچ شېئىرنى تورغا مەلۇم تورداشلار يوللىغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ياقتۇرۇپ قېلىپ كۆچۈرىۋالغان ئىدىم. ئاپتۇرى تورغا يوللىغان تورداش ئۆزىمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىكەنمەن. شۇڭا ئىسمى ئەسكەرتىلمىگەن ئاپتۇرلاردىن بۇ يەردە ئالاھىدە كەچۈرۈم سورايمەن.)**